# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى (لايىھە)

## بىرىنچى باب ئومۇمىي قائىدە

**1-ماددا** جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى
(ئىنگلىزچە نامى UIGUR HISTORY AND CULTURAL STUDIES
INSTITUTE OF CHINA، ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى USC) — جۇڭگو ئىجتىما-
ئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلى-
كىدە، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋات-
قان ھەر مىللەت كەسپىي خادىملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەتقىقات
ۋە ئالاقىدار ئىلمىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي
تەشكىلات.

**2-ماددا** بۇ جەمئىيەت دۆلەتنىڭ ئالاقىدار نىزام، پەرمان ۋە سىياسەتلى-
رىگە ئەمەل قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئېلىمىز ئۇي-
غۇرلىرىنىڭ تارىخى-مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش،
كەسپىي تەتقىقات خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقات سەۋىيىسى-
نى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە
ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

**3-ماددا** دۆلەتنىڭ نىزام، پەرمان ۋە ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى پائال
قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى
ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇر
راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى
ۋە مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى پىلانلىق يىغىپ توپلايدۇ، رەتلەيدۇ ۋە تەتقىق
قىلىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ئارا ئىتتىپاقلىق ۋە ئالاقىنى
كۈچەيتىپ، ئىچكى ۋە خەلقئارا ئۇيغۇرلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى چاقىرىدۇ،
ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە تەشكىللاتچىلىق قىلىدۇ، مەملىكەت
ئىچىگە ۋە سىرتىغا ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قولغا

كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەر، مەخسۇس ژۇرنال ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرىدۇ. ئالاقىدار مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرىنىڭ تەتقىقاتى، رەتلەش ۋە رېمونت قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ، ئىختىساسلىق ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىنى تاللاپ ئۈستۈرىدۇ ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

## ئىككىنچى باب تەشكىلىي ئاپپارات

**4-ماددا** بۇ جەمئىيەت كوللېكتىپ ئەزالىق تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، كۆرسىتىش يولى بىلەن ئابرويلۇق ئەربابلاردىن ئىجرائىي كېڭەش تەشكىل قىلىنىدۇ. ئىجرائىي كېڭەش جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىنىدىغان دائىمىي ئىجرائىي كېڭەشنى سايلاپ چىقىدۇ. دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدۇر.

**5-ماددا** دائىمىي ئىجرائىي كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا بىر كىشى، دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا بىر كىشى، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا بىرنەچچە كىشى، باش كاتىپلىقتا بىر كىشى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىقتا بىرنەچچە كىشى قويۇلىدۇ.

**6-ماددا** جەمئىيەتنىڭ باشلىقى، دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە باش كاتىپى ئىجرائىي كېڭەش يىغىنىدا كېڭىشىپ سايلاش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇئاۋىن باش كاتىپلارنى باش كاتىپ كۆرسىتىدۇ، دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

**7-ماددا** دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش قارمىقىدا ئىشخانا، ئىلمىي بۆلۈم، ئىجتىمائىي پائالىيەت بۆلۈمى، ئالاقە بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى ۋە مەدەنىيەت بايلىقىنى ئېچىش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىدۇ. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمىتىنى باش كاتىپ ماسلاشتۇرىدۇ. مۇئاۋىن باش كاتىپلار باش كاتىپنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ.

**8-ماددا** ئىجرائىي كېڭەش يىغىنى ئومۇمەن ئىككى يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ. دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش يىغىنى ئومۇمەن ھەر يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغاندا، يىغىن چاقىرىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈشكە ياكى كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن ئالدىغا سۈرۈش ياكى كېچىكتۈرۈش ۋاقتى ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. ئىجرائىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، قايتا سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**9-ماددا** بۇ جەمئىيەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىدىن، ئىلمىي تەتقىقات تارماقلىرىدىن قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تەتقىقاتچى، كاندى-

دات تەتقىقاتچى ۋە ياردەمچى تەتقىقاتچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

بۇ جەمئىيەتتە تەتقىقاتچى، كاندىدات تەتقىقاتچى ۋە ياردەمچى تەتقىقاتچىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىدا دۆلەت ئىلىم كومىتېتى ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي كەسپىي ئۇنۋان ئۆلچەم قىلىنىدۇ. تەتقىقاتچى، كاندىدات تەتقىقاتچى ۋە ياردەمچى تەتقىقاتچىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئومۇمەن ئىككى يىل بولىدۇ. مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۆزى ئىلتىماس قىلسا، ئۇلارنى تەتقىقات نەتىجىسىگە قاراپ داۋاملىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**10-ماددا** ، بۇ جەمئىيەت دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئىلىم ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئېھتىياجىغا قاراپ، مەملىكەت سىرتىدىكى ئالاقىدار ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىدۇ، چەتتىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنى جەمئىيەتنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. چەتتىن تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى سالاھىيىتىنىڭ مۇددىتى ئومۇمەن يېرىم يىل بولىدۇ. مۇددەت توشقاندىن كېيىن، شۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا قاراپ، مۇددىتىنى يەنە يېرىم يىل ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

**11-ماددا** ئىجرائىي كېڭەشنىڭ مەجبۇرىيىتى

1. دۆلەتنىڭ قانۇن، پەرمان ۋە سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ.
2. ئىجرائىي كېڭەشنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ.
3. دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش تەركىبىگە كىرىدىغان خادىملارنى سايلايدۇ.
4. جەمئىيەت باشلىقىنى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرىنى ۋە باش كاتىپنى سايلايدۇ.
5. تەتقىقاتچى، كاندىدات تەتقىقاتچى، چەتتىن تەكلىپ قىلىنىدىغان تەتقىقاتچى ۋە ياردەمچى تەتقىقاتچىلارنى تەكلىپ قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىپ قارار ئۆتكۈزىدۇ، يىللىق خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ.

**12-ماددا** جەمئىيەتنىڭ ئورنى بېيجىڭدا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى باب راسخوتنىڭ باشقۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشى

**13-ماددا** بۇ جەمئىيەت مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىدۇ، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. مالىيە-بوغالتىرلىق تۈزۈمى ۋە مۇپەتتىشلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ، دائىمىي ئىجرائىي كېڭەشكە كىرىم-چىقىم ھېساباتىنى قەرەللىك

مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ.

14-ماددا  بۇ جەمئىيەت مەملىكەت ئىچىدە، ئامانەت ھېسابى ۋە تاشقى پىربۇوت ئامانەت ھېسابى ئېچىپ، مەبلەغنى دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئامانەت قويىدۇ.

15-ماددا  مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىدىغان تۈرىنى باش كاتىپ بەلگىلەيدۇ ھەمدە دائىمىي ئىجرائىي كېڭەشكە يوللاپ تەستىقلىنىدۇ. مەبلەغ ئاساسەن جەمئىيەت-نىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پائالىيەت ۋە كەسپىي ئىشلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

16-ماددا  جەمئىيەتنىڭ راسخوتى ئاساسەن خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى دوست ئەربابلارنىڭ، دوست تەشكىلاتلارنىڭ، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىئانىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى ئېچىش بۆلۈمىنىڭ تىجارەت كىرىمى بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

17-ماددا  ئىئانە بېرىشتە گەۋدىلىك تۆھپىسى بولغان شەخسلەر ۋە تەش-كىلاتلار ئىئانە بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسمىلىكىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇلارغا مۇناسىپ پەخ-رىي نام بېرىلىدۇ.

18-ماددا  جەمئىيەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 100 مىڭ يۈەن (خەلق پۇلى).

## تۆتىنچى باب  قوشۇمچە قائىدە

19-ماددا  بۇ نىزامنامىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ئىجرائىي كېڭىشىگە مەنسۇپ.

20-ماددا  جەمئىيەت نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى زۆرۈر تاپقاندا، باش كاتىپ تەشكىلاتچىلىق قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجرائىي كېڭەشنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنىدۇ.

21-ماددا  جەمئىيەت ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ ياكى پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ خىزمەتنى توختىتىشقا توغرا كەلگەندە، ئىجرائىي كېڭەشنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشى ھەمدە ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ئىجرائىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈشى شەرت.

22-ماددا  بۇ نىزامنامە ئىجرائىي كېڭەش قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.